# بىزدىكى ئىللەتلەر

ئاپتورى: ئىزچى

تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن TarimDadxah ئەپەندى

ـــــ ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس(ئۇيغۇر ئىدىئوملىرىدىن) .

بىزدە تارىخىمىزنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ئۆتكەن زامانلىرى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، شارائىتلىرى، ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزنىڭ تارىختا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ۋە مول مىراسلىرى... ھەققىدە ئاغىزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار بەك جىق. بۇ بىزدىكى «مىللىي غۇرۇرچىلىق». ئەمما بىزنىڭ قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ـــــ يارالغاندا يېپىشقان مەۋجۇد ئىللەتلىرىمىزنى ئەسلەيدىغان، سۆزلەيدىغانلار بەك ئاز ھەتتا يوق دېيەرلىك. سەۋەبى : كىشىلىرىمىز «نومۇسچان»، «قەدىر-قىممەت ئېگىي» بەك « كۆچلۈك».تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. قۇرۇق كاللىنى غاجاۋەرسەڭ ئاچ قالغىنىڭ قالغان. مەن يەتتە ياش چېغىمدا دادام ماڭا « بىز خەقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دەيتتى. كېيىن مەن ئوغلۇمغا « بىز خەقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ»دېدىم. ھازىر ئوغلۇمۇ ئوغلىغا« بىز خەقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى سىلەرگە مەنسۇپ» دەۋاتىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك قايسى ئەۋلادقا يەتكەندە بىز خەقنىڭ ئىستىقبالى ياخشىلىنار ؟ دەۋرىمىز يېڭىلىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بىزمۇ يېڭىلىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىمىزمۇ؟ مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزىمىزگە باھا بەرگەندە، تەلەپ قويغاندا ئۆتمۈش دەستەكلىرىمىزنىڭ قىممىتى، ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئەمەس بەلكى ھازىرقى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە شاللىنىپ تۇرۇش تەقدىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇد تۇرق-ھالىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز زادى قانداق؟ مېنىڭچە بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز تازا ساغلام ئەمەس ( قان-يىلىكلىرىمىزگە سىڭىپ كەتكەن قالاقلىق-نادانلىقنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر). بۇ روھىي ھالەت شەخسلەرنىڭلا روھىي ھالىتى ئەمەس، سىياسىي روھىي ھالەتمۇ ئەمەس، بەلكى شەخستىن ۋە سىياسىي ھاياتتىن ھالقىغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى، بۇنى بىز ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئېتىراپ قىلمىساق، چۈشەنمىسەك ( قالاقلىق، جاھىللىق، نادانلىق چىرمىۋالغان روھىي ھالىتىمىز توغرىسىدا ئېنىق ۋە تەلتۆكۈس ئېتىراپ قىلىش بولمىسا) بىزنىڭ زەبۇن(ئاجىز) چاغلىرىمىز داۋاملىشىۋېرىپ، تارىخنىڭ ئەنئەنىسىگە قايتىشىمىز، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، مىللىي ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاق بولۇشى ئەبەدىي مۇمكىن بولمايدۇ. بىزدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلىرى



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

تۆۋەندىكىدەك بولماقتا:

## بىزدىكى پېتىشماسلىق

باشقىلار بىزنى« پېتىشمايدىغان خەق» دېيىشىدۇ، دەرۋەقە شۇنداق. جىسمىمىزدا ئىتتىپاقلىق تىنىقى، ئۇيۇشۇش تىنىقى يوق. ئۈچ-تۆتىمىز بار يەردە پېتىشماسلىقنىڭ بولغىنى بولغان. پېتىشماسلىق بولمىغان ئۇيغۇرنىڭ تۇرالغۇلىرى يوق. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەلەر، ئەرز-شىكايەتلەر، دەۋا-دەستۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا شۇ پېتىشماسلىققا باغلىنىدۇ. بۇ خىل قىسمەت سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئەڭ قەبىھ ھادىسىلەر، پاجىئەلەر —— مىللىي بارلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئېغىر داغلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنى سۆزلەڭ دېسە بۇنىڭ چوڭ ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغانلار جىق. ھەتتا يوغان-يوغان كىتاب يېزىپ چىقالايدىغانلارمۇ بار. ئەمما نېمىلا دېمەيلى بۇ ھالەتنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدۇق. سەۋەبى نەدە؟ سەۋەبى : بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز دېگەندە 365«مەزھەب» بار.ئۇنىڭ بىر بۆلۈمى —— بىزدىكى ئىچكى چىقىشالماسلىق، پارچىلىنىش، يەكلىشىش، ئۆزىنى سورىماسلىق، ئىتتىپاقسىزلىق... قا مەنبە بولۇپ تۇرىدىغان «لىق»،«لىك»چىلىك.

«لىق»،«لىك»چىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز رەقىبلىرىنى —— «يات يۇرتلۇق» لارنى يەكلەيدۇ. ئۆي-ئۆيدە، مەھەللە-مەھەللىدە، يۇرت-يۇرتتا ھەتتا دۇنيانىڭ ئۇيغۇر بارلىكى يېرىدە بۇ «مەزھەب»لەر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەھەللىۋازلىق، كەنتۋازلىق، يېزاۋازلىق، ناھىيەۋازلىق، شەھەرۋازلىق، ۋىلايەتۋازلىق، تۇغقاندارچىلىق، ئۇرۇق-قوۋمۋازلىق ... لار ئاشۇ خىل تەسىرلەرنىڭ شاخ-پۇتاقلىرى. بۇنداق شاخ-پۇتاقلار ئالدىدا بىزدىكى «مىللىي روھ»، «مىللەت»، «ۋەتەن»، «خەلق»، «بىرلىك»، «ئىستىقبال»، « تەرەققىيات» ... دېگەنلەر ئاقمايدۇ. يەنى بۇنداق شاخ-پۇتاقلار يۇقىرىقى ئۇقۇملارنىڭ ھەرقاندىقىنى بېسىۋالىدۇ.

مەن1940-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارغىلىقتىن ياركەنت دارىلمۇئەللىمىنىدە بىر مەزگىل ئوقۇغانىدىم. ياركەنت، قارغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرىدىن يىغىلغان 200 دەك ئۇيغۇر ساۋاقداش بىللە ئوقۇيتتۇق. مەكتەبنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋەت ئېقىمى شۇ «لىق»، «لىك» تىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممىمىز «ياركەنتلىك»، «قارغىلىقلىق»، «مەكىتلىك»، «پوسكاملىق» لار بويىچە سەپكە بۆلۈنگەن ئىدۇق. ياركەنتلىك ياركەنتلىكلەرنىڭ، قارغىلىقلىق قارغىلىقلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان، مەكىتلىك مەكىتلىكلەرگە،

پوسكاملىق پوسكاملىقلارغا يان باسىدىغان بۇنداق بۆلۈنمە سەپلەر ـــــ بىر-بىرىگە زىت، زادىلا مۇرەسسە-مادارا بولمايدىغان، بىر-بىرى بىلەن ئەستايىدىل، جان تىكىپ ئېلىشىدىغان، بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ تىركىشىدىغان «شەكىلسىز تەبىئىي سەپ»لەر ئىدۇق.بىزنىڭ سىنىپتا بەش قاتار پارتا بولۇپ، 20 بالا تۆتتىنلا ئولتۇراتتۇق. سىنىپىمىزنىڭ مەسئۇلى، قارغىلىقلىق تاشكەنتچىلەردىن بىرى بولغان x ئەپەندى بالىلارنىڭ سىنىپتا ئولتۇرۇش رېتىنى بېكىتكەندە ئالدىنقى بىرىنچى رەتنى بىز قارغىلىقلىق تۆت بالىغا بېكىتىپ بەرگەن. ئەڭ ئارقىدىكى رەتتىكى پارتىنى بولسا ياركەنتلىك تۆت بالىغا باشقا قالدۇرغان. سىنىپلارنىڭ پارتىلىرىمۇ مۇئەللىمگە قاراپ ئەنە شۇنداق «قارغىلىق»،«ياركەنت»،«مەكىت»لەر بويىچە بۆلۈكلۈك ئىدى. دېمەك بىزنىڭ تاشكەنتچى ئەپەندىمىز بىز قارغىلىقلىق بالىلارنى«ئۆز» بىلىپ «ۋاپا قىلىپ» سىنىپنىڭ ئالدىنقى قاتارىنى ئېلىپ بەرگەن. ئۆزى «ياركەنتلىك» دەپ قارىغان بالىلارنى «يات» بىلىپ، سالقىن مۇئامىلە قىلىپ، سىنىپنىڭ ئارقا رېتىدىن ئورۇن بەرگەن. مەكتىبىمىزنىڭ باشقا يەرلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بۇنداق ئىشتا بىزنىڭ تاشكەنتچى ئەپەندىمىزدىن ھەرگىز كېيىن قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ھەركىم «ئۆز» يۇرتلۇقلىرىنى «ئۆز كۆرۈش»، «غەيرىي يۇرتلۇقلار»نى «غەيرىي كۆرۈش»ـــــ «قول ئىچىگە ئېگىلىش»ـــــ مەكتەبنىڭ ئوقۇش-ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، ئىمتىھان، مۇئامىلە، خىزمەت ... تارىخىنىڭ جەريانى ئىدى. دېمەك بىز بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىدىن «ئۆز يۇرتلۇق ياخشى»، «باشقا يۇرتلۇق ئەسكى»نى، ياركەنتلىكنى «قانجۇق»، قارغىلىقلىقنى«غالچا»، پوسكاملىقنى «پوقاق»، مەكىتلىكنى « دولان» دېيىشنى ئۆگىنىپ ـبىلىپ چىققان ئىدۇق. مەن 1947-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا بۇ مەكتەبتىن ئىمتىھان بېرىپ «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» ( ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇرۇنقى نامى) غا ئوقۇشقا كەلدىم. 1950-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوقۇدۇم. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىمۇ يەنىلا شۇ «كاشىغەرلىك»، «ياركەنتلىك»، «خوتەنلىك»، «ئاقسۇلۇق»، «ئىلىلىق»نىڭ گېپى.«ئۆز يۇرت»، «باشقا يۇرت» دېگەن تېخى شۇ يەردىكەن. مەكتەبتە بىر كۈنى «كاشىغەرلىك نوچىلار» بىلەن «ياركەنتلىك نوچىلار»نىڭ جېدىلى چىقىپ سەپ-سەپ بولۇپ مۇشتلاشتۇق. ئاقىۋەتتە «32مىڭ ياركەنتلىك» «16مىڭ كاشىغەرلىك»نى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتتى ( تارىختا ياركەنت سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى بولغاچقا 32مىڭ ياركەنت، دەپ ئۆزىنى چوڭ ھېسابلاپ، كاشىغەرنى ئۆزىنىڭ يېرىمى ھېسابلاپ ئېيتىلغان گەپ). تۆت ياركەنتلىك بالا بۇ ئىشتا جازالاندى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە «كاشىغەرلىك نوچىلار» شۇ چاغلاردىكى «روس كۇلۇبى» ئەتراپىدا بىر قىسىم ئارغۇنلار( خەنزۇ-رۇس چېتىلىشىدىن تۆرەلگەن پروتكىلار) نى«مېھمان» قىلىپ، ئۇلارغا «ياركەنتلىك

نوچىلار»نى قاتتىق ئۇرغۇزۇۋەتتى. ياركەنتلىكلەرنى (ئۇ چاغدا ياركەنت، قارغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرى بىر ۋىلايەت ـــــ ياركەنت ۋىلايىتى ئىدى) ھازىرقى ئۈچتاش(كونا ياڭخاڭ) تەرەپلەردە يالغۇز يۈرەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. كېيىن «ياركەنتلىك نوچىلار» مۇ گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ نەنلىياڭ تارمىقىدىكى ساقچىلىرىغا «چاي» بېرىپ «كاشغەرلىك قىزىل پاچاق»، «نوچى» لاردىن ئۆچنى قولغا ئالغۇزۇۋېتىپ ئۆچىنى ئېلىشتى.

قىسقىسى، يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىدە بولسۇن ياكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا بولسۇن بىز «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنىڭ ئورنىغا «ئۆز يۇرتلۇق»،«باشقا يۇرتلۇق»،«قەشقەرلىق»،«خوتەنلىك» ... دېگەن تەپرىقىچىلىكنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، يۇرت-يۇرتلار بويىچە ئۆزئارا بىر-بىرىمىزنى ئەدەبلەشنى، بىرىمىز يەنە بىرىمىزنى يوقىتىشنى كۆڭۈللىرىمىزگە پۈكۈپ «زامانىمىزنىڭ زىيالىيلىرى» بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىپ كېتىشتۇق. ئۇ ئاقىۋەت بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئالغاندا ئۆمۈر قارىشىمىز، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئالغاندا كىشىلىك قارىشىمىز، مۇناسىۋەت قارىشىمىز ۋە ئەخلاق قارىشىمىز بولۇپ قېلىۋەردى. ئەپسۇس، مېنىڭ گۆدەك چېغىمدىلا ئۆيۈمدە ئاتا-ئانامنىڭ تىلى بىلەن ۋۇجۇدۇمغا كىرگەن بۇ ئاڭ مېنىڭ كېيىنكى 60نەچچە يىللىق ئۆمۈر مەنزىلىمدە مەن بىلەن تەڭ ساقلىنىپ (بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە سۇسىيىپ، يوقالماي) بالا-چاقا، جەددى-پۇشتۇمغىچە تەسىر ئۆتكۈزۈپ تۈگەش ئورنىغا يېڭىلىنىپ «شېرىن زەھەر»لىك كۈچىدىن قالماي كېلىۋەردى.مېنىڭچە بۇنداق ئاڭ ئىلكىگە چۈشمىگەن ئۇيغۇر پۇشتى بەلكى بولمىسا كېرەك.مەن 1992-يىل كۆزدە ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە بىر قىسىم قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن غۇلجىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككى قاش بولۇپ سوقۇشۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم. بۇ سوقۇشقا بىر ياتاقتا بىللە ياتىدىغان قەشقەرلىك X بىلەن غۇلجىلىق X نىڭ گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولغان. سوقۇشتا غۇلجىلىق X كە تەڭ كېلەلمىگەن قەشقەرلىق » Xئۆز يۇرتلۇقى»دىن تۆت-بەشنى چاقىرىپ غۇلجىلىق X نىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولغان. لېكىن غۇلجىلىق Xمۇ بوش كەلمەي «ئۆز يۇرتلۇقى»دىن بىرنەچچىنى ياردەمگە چاقىرغان. بىردەمدىن كېيىن مەكتەپ بويىچە «قەشقەرلىك» بىلەن «غۇلجىلىق»نىڭ جېڭى باشلىنىپ «ئۇرە قەشقەرلىكنى... سالە غۇلجىلىقنى» بولۇپ كەتكەن. ئاقىۋەت تۆت بالا پىچاق يېگەن، يەنە بىرنەچچىسى مۇشت-پەشۋا زەخمىسىدە يېتىپ قالغان. مەكتەپ جېدەلنى ئاران بېسىقتۇرۇپ ئون نەچچە بالىغا جازا بەرگەن. مانا بۇ «لىق»،«لىك» جېدىلى. تالاپەت كۆرگەنلەرنىڭ گۇناھلىرى پەقەت بىر تەرەپنىڭ غۇلجىدا تۇغۇلۇپ قالغانلىقى، يەنە بىر تەرەپنىڭ بولسا قەشقەردە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىنلا ئىبارەت. 1991-، 1992-يىللىرى بىزدىن ھەرەمگە بارغان ئۇيغۇر ھاجىلارنى سەئۇدى ئەرەبىستاندا يەرلىشىپ قالغان بىر قىسىم باي ئۇيغۇرلار



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

«خۇدايى ساۋاب»لىق ئۈچۈن خېرىدارلىق قىلىپ كۈتۈۋالغاندا، «خوتەنلىك»بايلار «خوتەنلىك»لەرنى، «غۇلجىلىق»بايلار «غۇلجىلىق»لارنى، «قەشقەرلىك» بايلار «قەشقەرلىك»لەرنى، «ئاقسۇلۇق» بايلار «ئاقسۇلۇق»لارنىلا كۈتۈۋېلىپ، خەۋەر ئېلىپ ئۇزاتقان. ئۇ مەملىكەتتە «ئۆز يۇرتلۇقى»يوق تۇرپان، قۇمۇل، كورلا ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيىلەردىن بارغان ئۇيغۇر ھاجىلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدىن ۋە قىرغىزىستاندىن بارغان قىرغىز ھاجىلارنى شۇ مەملىكەتتە ۋە ئىئوردانىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قىرغىز بايلار يۇرت-مەملىكەت ئايرىماي خېرىدارلىقنى قىلىپ كۈتۈۋېلىپ ئۇزاتقان؛ يەنە شۇ مەملىكەتتە يەرلىشىپ قالغان قازاق بايلار قازاقىستاندىن بارغان ھاجىلارنى قازاق، ئۇيغۇر دېمەي كۈتۈۋالغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە شىنجاڭدىن بارغان قازاق ھاجىلارنى ئالتاي، ئىلى، سانجى، قۇمۇل، مورى، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق يۇرت ئايرىماي كۈتۈۋالغاندىن سىرت يەنە ئۆز يۇرتلۇقى يوق بەزى ئۇيغۇر ھاجىلارنى قوشۇپ كۈتۈۋالغان. دېمەك، بۈگۈنكى دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئۆزلىرىنى«راۋۇرۇس مۇسۇلمان»دەپ يۈرۈشىدىغان ھەرەملىك ئۇيغۇر بايلىرىنىڭمۇ يۈرەك قېتىدا يەنىلا«لىق»،«لىك» ئېڭى يوقالمىغان. شۇڭا باشقا مىللەتلەر ئۇلارنىڭ مىللەت نامىنى «چىن مۇسۇلمان» ( جۇڭگولۇق مۇسۇلمان) دەپ بىلىشكەن. دېمەك، بىزنىڭ ھەرقانداق يېتەكچىمىز، ئالىم-ئۆلىما، زىيالىي، پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىز، داڭدار جامائەت ئەربابلىرىمىزدىن تارتىپ تۆۋەنى مالچى-پادىچىلارغىچە ھەتتا چەت ئەللەردە يۈرگەن بىر خەقلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ خىل «لىق»، «لىك»نىڭ ئاسارەت-ئىسكەنجىسىدە ئۆتۈۋاتىمىز. بۇ ئىللەت سۇسايماستىن ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ.

بىزدىكى ئۆزئارا پېتىشماسلىق —— ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يەنەبىر ئالاھىدە شەكلى ــــ نادانلىقنى مەنبە قىلغان ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق،ھەسەت-ئاداۋە تخورلۇقتىن ئىبارەت .

مەن بۇلتۇر قەشقەردىكى ئىككى ساۋاقدىشىمنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولۇپ بىرسىنىڭ ئۆيىگە باردىم ھەم بۇ ئۆيدە بىر كېچە قوندۇم. ئەتىسى بۇ بۇ ساۋاقدىشىمغا يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ : «ئۇنداق قىزىلكۆزنىڭمۇ ئۆيىگە بارامدىغان؟ ئۆتكەندە بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ بارمىدىم... بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ مېنى ئىزدىسەڭ ئۇنى ئىزدىمە، بولمىسا تاشلىشىپ كېتىمىز...»دېدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئالىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى، تېخى بىر يۇرتلۇق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىنى شۇنچىۋالا ئۆچ كۆرىدۇ؟

ئەپسۇس، بىزدە بىر خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا بىز خەق، يەنى ئۇيغۇردا ئۇيغۇرنىڭ

يامان گېپىنى قىلىدىغانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلار يەنىلا ئۇيغۇر. ئۇيغۇرنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان، چېقىپ قويىدىغان، تۇتۇپ بېرىدىغان... لار يەنىلا ئۇيغۇرلاردۇر. سېنىڭ باشلىقىڭ ئۇيغۇر بولسا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشۇڭ كېرەككى، ئۇ سېنى ئۆستۈرمەيلا قالماستىن بەلكى ئادەم قىسقارتقاندا ئالدى بىلەن باشقىلارنى قىسقارتماي پەقەت سېنىلا قىسقارتىۋېتىدۇ. ئۈچ رۇس سودا قىلسا بىر-بىرىگە «بۇ نۆۋەت سودا سېنىڭ بولسۇن، كېلەر قېتىم مېنىڭ بولسۇن... » دەپ سودىنى بىر-بىرىگە ئۆتۈنىدۇ. ئۇيغۇر سودىگەردە بۇ روھ يوق. سەن 50سومغا ساتساڭ مەن 40سومغا ساتىمەن، سەن 30 سومغا ساتساڭ مەن 20سومغا ساتىمەن... دەپ باھادا يول قويماي بىر-بىرىگە بازار بەرمەيدۇ.

ئۆزئارا پېتىشماسلىق ـــــ ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ، ئىستىلىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس بەلكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جاھالەت تەپرىقىچىلىكىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللىنىپ، قېنى، تارىخى، تەقدىرى، ئەنئەنىسى، تىلى، دىنى، مەقستى، تەلپى بىر شۇ زامان بوۋىلىرىمىز كېلەچەك ئەۋلادلىرىغا جۈملىدىن بىزگە بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىششنى، ئۇيۇشۇشنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ تەتۈرسىنى يەنى بىر-بىرىنى ئۇرۇشنى، بىر-بىرىنى پۇتلاشنى، بىر-بىرىنى يىقىتىشنى، بىر-بىرىگە ئورا قېزىشنى مەرەز مىراس ياكى زامانىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا پاجىئەلىك سەلبىي مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ ئۆتۈشكەنىدى.

دېمەك، «17-، 18- ئەسىردىكى تارىخىمىزدا بىر مەزگىل يۈرتىمىزغا دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن خوجا-ئىشانلار زامانىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋىي خىسلەت، پەزىلەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىشقا، مىللىي روھسىزلىنىشقا يۈزلەنگەن. يەنى سوپى-ئىشانغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ رايى-قىلىقلىرىنى ئۆرنەك ھەم تىرىكچىلىك يولى قىلىپ، يۇرت بىلەن يۇرت، مەھەللە بىلەن مەھەللە، ئۆي بىلەن ئۆي، ئادەم بىلەن ئادەم مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈپ جاھالەت بۆلگۈنچىلىكى، جاھالەت تەپرىقىچىلىكى ئىچىدە قوۋلاشماي، پېتىشماي بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ ئۆتۈشىدىغان بولۇپ كېتىشكەن ... » ( مامۇت ئىسلامىنىڭ «بەلەن گەپلەر»دىن).

نەتىجە-ئاقىۋەتتە بىز ھەتتا 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ( جەننەت ماكان ئاپتور ئىزچى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ ئەسىرنى يازغاچقا شۇنداق دەۋاتىدۇ ـــ دادخاھ) ئىچكى جېدەل-ماجرالىرىمىز بېسىقماي، بەزىدە تېخىمۇ ئاۋۇپ پېتىشمايۋاتىمىز. ئەرزىمەس ئىشقا ئۆچەكىشىپ قالساق توخۇلىرىمىزنىڭ چىللاشقىنى، ئىتلىرىمىزنىڭ قاۋاشقىنى، ئېشەكلىرىمىزنىڭ ھاڭراشقىنى ... ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بىر-بىرلىرىمىز بىلەن يوقلاشماي، سالام-سەھەت قىلىشماي ھومىيىشىپ، «ئۇ ئەسكى»، «بۇ ئوغرى»، «ئۇ مايماق»، «بۇ

قەلەندەر» ... دېيىشىپ ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن. «مەندىن ئۆتۈپتۇ» دەيدىغانلار يوق. «بولدى قىل»، « ئۇنداق قىلما»، «توغرا ئەمەس» دېگەندەك گەپلەر ئاقمايدۇ. دېمەككى، بىز ئۆز ئەيىبلىرىمىزنى تونۇشقا، تەن ئېلىشقا ئادەتلەنمىدۇق، خىلمۇ-خىل «سەۋەبلەر»بىلەن ئۇنى ياپتۇق، يوشۇردۇق. ئەيىبتىن ئەيىب تۇغۇلۇۋېرىپ يۇرت-يۇرت، ئۆي-ئۆيدە «يوغان گەپ»، «قۇرۇق گەپ»، «غەيۋەت گەپ»، «پىتنە-ئىغۋا گەپ»، «پو گەپ» ... «ئۆز گەپ» بولۇۋېرىپ تۈگمەي ئۆتۈۋەردى-دە، باللدىن-بالىغا« ئاتا مىجەزى»،«ئانا قىلىقى» مىراسنامىسى بولۇپ داۋاملىشىۋەردى.

چىقىشىش،بىرلىشىش، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش بولمىغان خەلقتە ئىستىقبال- ئامەت، راۋاجلىنىش نېمە قىلسۇن؟

ياش شائىر ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن يازغاندەك:

سەن مېنى پاكار دەپ،

مەن سېنى ناكار دەپ،

بولۇپ كېتەرمىز قايسىمىز قاۋۇل؟

مەن ساڭا چىشمنى بىلەپ،

سەن ماڭا دوزاخنى تىلەپ،

قايسىمىز كېتەرمىز جەننەتكە ئۇدۇل؟

## بىزدىكى نەسلگە ۋاپاسىزلىق

ئاتا-ئانىلار مېھرى-شەپقىتىدىن، مەكتەپلەر مېھر-شەپقىتىدىن، جامائەت ۋە جەمئىيەت مېھر-شەپقىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، مەرىپەتسىز-نادان يۇرۇۋاتقان، ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان، بۇزۇلۇپ تۈگىشىۋاتقان، ھالاكەتلىك تۇرمۇش قىسمەتلىرىدە تېڭىرقاپ ياش تۆكۈۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى ھازىر بىزدە ئازمۇ؟ ياق، ئاز ئەمەس، بەلكى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەلىرىگە، پۈتۈن مەملىكەتكە شەھەرلىرىگە ھەتتا چەت ئەللەرگىچە سەرگەردان باللارنى توپ تارقىتىدىغان خەق بولۇپ قالامدۇق-قانداق؟

مېنىڭچە بۇنى تارىخىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىنتايىن يامان مىللىي پاجىئەلەرنىڭ نامايانىدىسى، دېمەي مۇمكىن بولماس، ئەلۋەتتە.

ئاقىۋەتتە مىللىي خورلۇق، مىللىي نومۇس ۋە قاتتىق مىللىي نادامەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، چىقىرىۋاتقان ۋە ئۇنى تېزلىتىدىغان بۇنداق قاباھەتلىك پاجىئە بىزگە نەدىن ۋە كىملەردىن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

كېلىۋاتىدۇ؟

بىرلا جاۋاب : ئاساسەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز كەلتۈرۈۋاتىمىز، ئۆز كىشىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنىڭ ئېغىرلىقى، ئاتىلار خورلىقىنىڭ داۋاملىشىشى، تولا ئاجرىشىش، كۆپ نىكاھلىنىش، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشنىڭ ئاۋۇپ بېرىشى، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، بالىلارنىڭ مائارىپسىز قالدۇرۇلىشى —— ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى، يېتىم-يېسىرلارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىنى، بالىلار ۋەيرانچىلىقلىرىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنى ۋە ئاقىۋەت ياش-ئۆسمۈرلەر تەقدىرىنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە چىقىرىۋاتىدۇ.

1994-يىلى يازدا مەن سەپەرداشلىرىم بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ناھىيىدە تۆت كەنت، ئىككى كىچىك كوچىنى نىشانلىق زىيارەت قىلىپ (جەمئىيەت كۆزىتىپ)، بۇ جايلاردا شەھەر-بازار تۇرمۇشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىۋاتقان ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرىنى، ئانا-بالىلار ھادىسىلىرىنى ئىگىلەپ كۆردۈم. بۇ تۆت كەنت، ئىككى كىچىك كوچىدىكى 1300دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئارىسىدا 1989-يىلدىن بېرى ئەرلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن گۇمران بولغان (ئاجراشقان) ئەر-خوتۇنلار شۇ جايلار بويىچە ئاجراشقان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ٪87 نى، ئەرلىرى تاشلاپ كەتكەن خوتۇنلار شۇ جايلاردىكى ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ ٪7 نى، ئەرلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن تىرىك يېتىم قالغان، تاشلىنىپ قالغان، يوقاپ كەتكەن، كىشلەر بېقىۋېلىپ تۇرغان بالىلار شۇ جايلاردىكى ئومۇمىي يېتىم بالىلارنىڭ ٪45 نى، ئەرلىرىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ كېسەلمەن بولۇپ كەتكەن خوتۇنلار شۇ جايلاردىكى خوتۇنلارنىڭ ٪4 نى، ئەرلىرى ۋە بالىلىرى دەردىدە يۈرتتىن قاڭقىپ سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن جۇۋان، چوكانلار شۇ جايلاردىكى تۇل قالغان، ئەرلىرى تاشلاپ كەتكەن خوتۇنلارنىڭ ٪2 نى تەشكىل قىلغان.

( بىرمۇنچە ئەرلەرنىڭ رەسۋاچىلىقلىرى بىلەن گۇمران بولغان ئائىلىلەر ئەھۋالى بايان قىلىنغان ھەق مىساللار پېقىر دادخاھ تەرىپىدىن قىسقارتىۋېتىلدى)

مىللىتىمىزنىڭ ئالدىنقى جامائىتى ھېسابلىنىدىغان ئەرلىرىمىز سىپىدە ئەنە شۇنداق ئەرلەر مۇستەبىتلىكى، ئانىلارنى خورلاش ئادىتى، بالىلارنى تاشلىۋېتىپ نەسلىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش، بۇزۇقچىلىققا بېرىلىش ... قىلمىشلىرى ئەۋجىگە چىققانسېرى جەمئىيەتتە ئانا-بالىلار خورلۇقىنىڭ، ئانا-بالىلار ۋەيرانچىلىقىنىڭ، ئانا-بالىلار سەرسانچىلىقىنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى مۇمكىنمۇ؟



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئەپسۇس ! ملك ئەپسۇس! بىزدە مۇشۇنداق قىلمىشلارنى ئەيىبلەيدىغان، چەكلەيدىغان جامائەت پىكرى ناھايىتى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك جامائەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى خىزمەت قۇدرىتى ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ، مۇتەئەسسىپ " ئەنئەنە"نىڭ تەسىرىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. "ئادەت ھەممىگە قادىر" نىڭ قۇۋۋىتىگە تىز پۈكىدۇ.

## بىزدىكى قەلەندەرچىلىك

مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان (نومۇسنى تۆكىدىغان) ھەم روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان قەلەندەرچىلىكتىن بىز خەق تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق. «كىم قەلەندەر؟ ئۇيغۇرلار!»، «نەلىك قەلەندەر؟ ئالتە شەھەرلىك !»،«ئۇيغۇردىن قەلەندەر چىقىدۇ...» دېگەندەك غۇرۇرىمىزغا تېگىدىغان، نومۇسىمىزنى كەلتۈرىدىغان، يۈزىمىزنى تۆكىدىغان يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغىنىمىز تۇرغان. بۇنداق گەپلەرنى بەزىلەر كۆپىتىۋېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن لېكىن قەلەندەرچىلىكنىڭ بىز خەقتە بارلىقى راست، ئازايماستىن كۆپىيىۋاتقىنى ھەم راست. تەن ئالماي تۇرالمايمىز.

قەلەندەرچىلىك بىزدە قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟ بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى نامراتچىلىقتىن كېلىپ چىققان، دېيىشسە، بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك تارىخىمىزدىن، نادانلىقتىن پەيدا بولغان، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە بۇمۇ ئاساسلىق تاشقى خاراكتېردىكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورلاش( ئەمگەكسىزلەرنى، قېرى-چۆرىلەرنى، بېقىمسىز ناتىۋانلارنى ھەم تىرىكچىلىكتە پاناھسىز قالغان ئەجداد، ئەۋلاد ...لىرنى خورلاش، تاشلىۋېتىش) ئالامەتلىرىدىن پەيدا بولغان، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلاردىكى قارا قورساقلىق، نومۇس سېزىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، مىللىي غۇرۇر دەيدىغان ئاڭنىڭ يوقلىقى، تاشيۈرەكلىك... قەلەندەرچىلىكنىڭ داۋاملىشىش مەنبەسىدۇر.

ئالايلى، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىكچىلىك ئادەتلىرىدە كالا، ئېشەك بېقىش، توخۇ-ئۆردەك بېقىش، ئۆي بېقىش، نەۋرە بېقىش، باغ بېقىش، خامان بېقىش... لار، ئۆي، ھويلا-ئارام خىزمەتلىرى ئومۇمەن ئەمگەكتىن قالغان بوۋاي-موماىلارنىڭ ئادەت مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالغان. تاشقىرىقى ئۆيلەردە، ئايۋان-دالانلاردا، بۇلۇڭدىكى ئىسكەتسىز سۇپا-كاراۋاتلاردا تۇراقلىق ئورۇن تۇتۇپ

يېتىپ-قوپۇش ... بوۋاي-موماي‌لارغا بالىلىرى تەرىپىدىن «ئىمتىياز». ئەسكى يوتقان، يىرتىق كۆرپە، تىتىلىپ كەتكەن كىگىز-پالاز، ياماقتىن ئەسلىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىر تەكىي، كونا كىيىم، ئەسكى جابدۇق يەنىلا شۇ بوۋاي-موماي، قېرى-چۆرىلەرنىڭ «تىرىكچىلىك مۈلۈكلىرى». ئەتىدىن كەچكىچە تىنماي مىدىرلايدىغانلار، ئۆيىنىڭ ئوتۇن-كۆمۈر، سۈيىنى توشۇيدىغانلار، ئەخلەت-كۈللىرىنى تۆكۈدىغانلار، دەككە-دەشنام يەيدىغانلار، گېپى ئۆتمەيدىغانلار، «تىرىك تاپ»، «قىلىقى سەت»، «پىتىلىق»، «پاسكىنا»، «قالاق»، «ئەخمەق»، «يوقامچى»، «قەلەندەر» دېگەندەك تىل-ھاقارەتلەرنىڭ نىشانى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار، ئاشقان-تاشقاننىڭ ئىگىلىرى، ئاچقۇچ تەگمەيدىغانلار، «يۈك» ئادەملەر، ئىگە-چاقىسىزلار يەنىلا شۇ قېرى-چۆرىلەر.

دېمەك، بىزنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىمىزدا قېرىغان ئاتا-ئانىلىرى، قېرى-چۆرىلىرىنى ئوبدان كۈتمەيدىغان، خورلايدىغان ھەتتا تاشلىۋېتىدىغان قىلىق-قىلمىشلار ساقلىنىپ كەلگەن ھەم كېلىۋاتىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئەجدادىنى خورلاش، ئۆزىنى خورلاشلا بولۇپ قالماستىن بەلكى مىللەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈش، ئەلۋەتتە. ئۆز پۇشتى-ئەۋلادىنىڭ ئەنە شۇنداق «بېقىش»، «كۈتۈش»ىگە قالغان قېرى-چۆرىلەر ئارىسىدىن «قەلەندەر»، «ساھىل»، «ئابدال»، «مەدداھ» چىقماي نېمە چىقىدۇ؟ قېرى-چۆرىلىرىنى تاشلىۋېتىدىغان كىشىلەر نومۇس قىلمىغان يەردە جان بېقىش بىچارىلىقىدا تىلەپ يۈرگەن قېرىلار نومۇس قىلالامتىمۇ ؟ تۇرمۇشتىكى قىسمەت قىيامەتلىرىنى شۇنداقلارنى نېمىلەر قىلغۇزمايدۇ؟

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ X تېغى باغرىدا گەمە قېزىپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىلى بەش يىل بولغان تىلەمچى بوۋاي « X ۋەيرانى» (ئەتراپىدىكى قەلەندەرلەر ئۆز ھالىغا باقماي قويۇۋالغان لەقەم) ئۆزىنىڭ قەلەندەر بولۇپ قېلىش تارىخىنى مەن «ئىزچى»غا ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىپ بەردى: « 72 گە كىردىم. ئۈچ قىز، ئۈچ ئوغلۇم بار. ھەممىسى بېجىرىم چوڭ بولغان. قىزلار ئەرنىڭ قولىدا، بىر ئوغلۇم دېھقان، بىر ئوغلۇم باققال، كىچىك ئوغلۇم 18 ياش چېغىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۈچ-تۆت يىلدىن بېرى كەلمىدى، بالىلىرىمنىڭ ئانىسى سەككىز يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. تاپقان-تەرگەنلىرىم قىزلارنى چىقىرىش، ئوغۇللارنى ئۆيلەش ... بىلەن تۈگىدى. مەن ئۆيدە بىرەر يىلدەك يالغۇز ئۆتۈپ باقتىم. قىزىم بېرەرمىكى، كېلىنىم بېرەرمىكى دېگەن تەمە بىلەن ھەر كۈنى تەلمۈردۈم. سەت كۆرۈنگىلى تۇردۇم. بىر كۈنى ئەتىگەندە چاي بېرەرمىكى، دېگەن ئوي بىلەن چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. چاينىڭ ئورنىغا چوڭ كېلىنىمنىڭ ‹ كۈندە بېزىرىپ كېلىۋېرەملا...›دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ

ئىزا-ئاھانەتتىن ئۆلمىدىم، بېرىسى بولدۇم. ئەتىسى كەچتە ئېچىرقىغان ھالدا ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كەچلىك غىزاغا كىرسەم، غىزا ئورنىغا ‹ باشقا ئوغۇللىرىنىڭ ئۆيىگە نېمىشقا بارمايلا ؟...› دەپ دەشنام بەردى. بارا-بارا تۆتۈن ماراپ ئاچ-توق قالدىم. پۇل يوق، ئاش-نان يوق. ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىمىم يوق. يالغۇزلۇق ئۆلۈمدىن يامانكەن. نەگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئاخىر بىر قەلەندەر بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ X مازىرىمغا چىقىۋېلىپ ‹ ساۋاب تاپاۋىتى› قىلدىم. كۈنۈم ئوبدان ئۆتتى. لېكىن باللىرىم بۇنى بىلىۋېلىپ مازاردىن مېنى ھەيدەپ كېلىپ ‹ بىزنى نومۇسقا قويىدۇڭ ئۆلمىگۇر ئوغرى ...› دەپ تىللاپ داۋامنى بەردى. بىرەرسىنىڭمۇ ئۆيىگە پاتمىدىم. ئاخىرى 1988-يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىۋالدىم. تىلەپ تاپىمەن، تاپاۋىتىم ئوبدان، بۇلتۇر بىر قىزىمنى ئېرى تالاق قىلىۋېتىپتىكەن، يەتتە ياشلىق قىزىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ يىل يەنە بىر ئوغلۇم 11 ياشلىق بىر ئەما قىزىنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. تىلەپ يۈرۈپ بۇ نەۋرىلەردىنمۇ خەۋەر ئالىمەن ...»

ئاھ پەرۋەردىگار، قاراڭلار خالايىق، بۇ بوۋاينىڭ باللىرىدىكى ۋىجداننى! بىزدە مۇشۇنداق قارا قورساق ۋاپاسىز، ئىچى قارا تاشيۈرەك باللار ئازمۇ ؟ مۇشۇنداق تەقدىردە ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان قېرى-چۆرىلەرچۇ؟

يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە جايلىشىۋېلىپ ئوقەتچىلىك قىلىشىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىمىز ئارىسىدىمۇ يۇرتتىكى قېرى ئاتا-ئانىلىرىنى قىشتا ئۈرۈمچىگە ئەكىلىۋېلىپ تىلەمچىلىككە سېلىپ پۇل-ۋەج تاپقۇزۇۋېلىپ، يازلىق ئىشلار چىققاندا يۇرتلىرىغا ماڭغۇزۇۋېتىدىغانلارنىمۇ ئۇچراتتىم. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرلىرىمىز قېرى-چۆرىلىرىنى تىلەمچىلىككە «كەسىپ»لەندۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداقلاردىنمۇ ئۈرۈمچىدە خېلى ئۇچراتتىم. تىلەمچى بوۋاي-مومىينىڭ تىلەپ تاپقانلىرىنى بىرمۇ بىر سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىۋېلىپ تۇرىدىغان يىگىت-قىز ئۇيغۇرلىرىمىزدىنمۇ نەچچە ئوننى زىيارەت قىلدىم. «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالمىدىڭ، مال-دۇنيا قالدۇرالمىدىڭ، خوتۇن ئېلىپ بەرمىدىڭ، ياتلىق قىلالمىدىڭ، ئۆلۈملىكىڭنى بولسىمۇ ئۆزۈڭ تاپ ...» قېرى ئاتا-ئانىلىرىنى قىستاپ قېشىدىن قوغلىۋەتكەنلەر، ئۆيىدىن ھەيدىۋەتكەنلەر، ئارام خۇدا جان ساقلاشقا يول بەرمەيۋاتقانلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئۇچراتتىم. مانا مۇشۇنداق بوۋاي-مومايلىرىمىزغا تىلەمچىلىك قىلماي نە چارە ؟ يۇقىرىقىلار بىزدە تىلەمچى-قەلەندەر پەيدا بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى.



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

# تويلىششمۇ ياكى چىرىكلىششمۇ؟

## ئاپتورى : ئىزچى

## 1.ئەنئەنىۋى نىكاھ-توي مىزانلىرىمىزدا

پۇل-مال، دەپىن-دۇنيا، ئابروي، نەسەب-مەنسەب، ئىمتىياز ۋە باشقا باھانە-سەۋەبلەر روھى سىڭگەن ۋە ياكى سەۋەبچىلىك تەسىرى بولغان قىز-يىگىت تويى بىزدە ئەزەلدىن ساغلام-پاك (ھالال) توي ھېسابلانغان ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇرغۇن توي-تۆكۈن مىزان-قائىدىلىرىمىزدە، جۈملىدىن نىكاھ-توي «رىسالە»مىزدە بۇ قارىشىمىز مۇنداق دەلىللەنگەن:

«... نىكاھدىن مۇددىئا : نىكاھى قىيىلغان قىز-يىگىتنىڭ پاك-ھالالەت خۇدايى بەندىچىلىكى ئۈچۈن، ئەبەدىل-ئەبەد جۈپتى ھەمدەملىكى ئۈچۈن، خۇدالىق پەرزەنت ئۈچۈندۇر... نىكاھى قىيىلغان مەزكۇر مۆمىنلىرىمىزنىڭ نىكاھ-توي مۇراسىملىرى ئاشكارا ۋە خۇپىيانە تەمەدىن، زورلۇق-ناشايان ئەلەمدىن، كۇفرانە ھەشەم-مالامەتلەردىن، دەپىن-دۇنيا ساراسىملىرىدىن، نەھى ھارامدىن (قويۇق-سۈيۈق، قاتتىق-يۇمشاق، مەست ۋە بىھۇش قىلغۇچى خۇرچ-بۇيۇملاردىن -- ئىزچى)، قەرزدىن، بىچارىلىق ئەلەملىرىدىن، شەرمى-ھايادىن ... پۈتۈنلەي خالى، بەندىلىكتە ساۋابلىقى روشەن ئادەت يوسۇن ... بىلەن تامام بولمىقى شەرتتۇر ...».

توي-مۇراسىملىرىمىزدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇنلار توغرىسىدا بۇ «رىسالە»دە يەنە تۆۋەندىكى زۆرۈرىيەتلەر قەيت قىلىنغان: «... نىكاھى قىيىلغان مەزكۇر ئىككى مۆمىننىڭ ھەقدار ھامىيلىرى (ئاتا-ئانا، بىۋاستە ھامىيلىك ئاكا-ئۇكىلىرى -- ئىزچى) نىڭ خۇدالىق خالىس ھەمدەملىكى، مۇراد-مەقسەت بىرلىكى، شەپقەت-شاپائەت ئېتىبارى مەزكۇر ئىككى مۆمىننىڭ مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە تەقدىرىگە مەنبەدۇر... نىكاھى قىيىلغان مەزكۇرلەرنىڭ دەستۇرخان-سورۇنلىرى، مەسۇمە(قىز -- ئىزچى) نىڭ تويلۇق ھەققى مېھرى، تويلۇق بوخچا ۋە تويلۇق باراۋەت...لىرى ھامىيلىرى ۋە نىكاھى قىيىلغان ئىككى مۆمىننىڭ نەفتانە مال-دۇنيا مادارىغا بىنائەن ھەم شۇلارنىڭ قۇربىتى، رازىلىقى بىلەن زەخمىسىز، زورلۇقسىز ئۆتمىكى خۇدالىق دالالەتتۇر... نىكاھ-توي ئىنسان ئۈچۈندۇر. مال-دۇنيا، مەئىشەت ئۈچۈن بولمىقى دىنىمىزغا مۇخالىپتۇر...».

«... مەسۇمە تەرىپىدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، چوڭ ئاتا-چوڭ ئانىسى، بىۋاستە ھامىيلىق يەتكۈزىدىغان بالاغەتلىك چوڭ قېرىنداشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ --- ئىزچى)، يىگىتتىن بىر ھامىيە (ئاتا-ئانىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ -- ئىزچى) تويىدىن خالىس نېسۋە ئالماق جايىزدۇر... ئۇنىڭدىن غەيرىلەرنىڭ نەپ ئالمىقى ھارامدۇر... رەئەييە-پۇقرانىڭ قىزلىق تويى بوخچا-بوغۇنچىلىرى قوش قاتتىن لىباس (بىر جۈپتىن باش-ئاياغ ئېغىزمان كىيىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

-- ئىزچى)، قوش قەۋەتتىن ئەۋرەت كىيىملىرى (ئىچ كىيىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ -- ئىزچى)، لېچەك (ئىككىدىن باز ياغلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ- ئىزچى)، زىبۇ-زىننەت (بايلار ئالتۇندىن، ئادەتتىكى پۇقرالار كۇمۇشتىن زىرە، بىلەزۈك، ئۈزۈك ئالمىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ -- ئىزچى) لەر بىلەن تەللەنمىكى ئەزەلدىن ئادەتتۇر... مەسۇمەنىڭ توي لىباسلىرى ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ھەم لايىق تەل قىلىنمىقى، ھەرتە (قەرز ئېلىپ تۇرغان) بولماسلىقى تەلەپتۇر... مەھبۇبىنى رازى ۋە مەمنۇن قىلماق، ئەلەمسىز خەۋەر ئالماق، كىيىندۈرمەك... ئەرگە ئۆمرىۋى شەرت ھېسابلانغان، مېھرى پاكلىقىنى ئۆز روزىگاھىدىن (ئېرىدىن -- ئىزچى) غەيرىگە بۇزماقتىن، ئەر ئۆمرىگە خىيانەت قىلماقتىن خالى ۋەيران بولماق، ئائىلە، پەرزەنت ۋە خۇدايى تىرىكچىلىكتە ئەرگە ھەمياران بولماق، مېھرى بەرۈك مەسۇمە خاتۇنغا خۇدالىق ئەمەل، مەجبۇرىيەتتۇر...».

ئۇيغۇرلارغا خاس بولمىش بۇ «توي رىسالىسى»دە يەنە مۇنداق تەكىتلەنگەن : «... نىكاھى چۈشكەن ئىككى مۆمىننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئىنسانلىق تەكلىكى، ۋابال-ساۋابىنىڭ ئورتاقلىقى، رىزقى-تەقدىرىنىڭ ھەم دىيانەت-ساداقىتىنىڭ بىرلىكى، مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ ئىرادە-ئىختىيارىغىلا خاستۇر، دەخلى-تەرۇزسىزدۇر...».

«... نىكاھ-توي جەرەستانلىرى (نىكاھ-توي سورۇنلىرى، مۇراسىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ -- ئىزچى)نى بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر سالام، بىر قىچقىرىق، بىر يۈز ئاچقۇ ۋە بىر خاتىمە دۇئا دەستۇرخانى بىلەن تاماملىماق شەرىئەت دالالىتىدۇر. مۇسۇلمان توي پاتىھەلىرىنى ئاچكۆزلۈك، ھەشەمخورلۇق، ھەسەت، بۇزۇپ-چېچىش، يېمەك-ئىچمەك ئىسراپخورلىقى بىلەن ئۆتكۈزمەك دەۋزىخى گۇناھدۇر...»

توي قىلىشقان ئەر-خوتۇننىڭ تويدىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك مۇناسىۋەت-مەجبۇرىيەتلىرى ئۇيغۇرغا خاس بولمىش بۇ «توي رىسالىسى»دە يەنە مۇنداق قەيت قىلىنغان : «... ئەي يىگىت! ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولغىنكى، نېرىسى ئۈچ ئايلىقتىن ئارتۇق سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسەن، ئۈچ مەرتەبە قەستەن گۇناھ سادىر قىلمىغۇچە بىر زەررە (تاك ئېتىپ) چەكمىگەيسەن؛ ئۆمۈرۋايەت خارلىق-خاھلىقتا، پەقىرچىلىكتە، پىغان-ھەسرەتتە قالدۇرمىغايسەن؛ بولغۇسى پەرزەنتلەرنى خارلىق-خاھلىقتا، خۇدايى ئىسلامدىن غەيرىي ھالەتتە ھەم يامان كۆن، ناشايان تىرىكچىلىكتە قالدۇرمىغايسەن؛ سەۋدايى-غەزەب، گۇمان بىلەن ۋە ياكى مەست-بىھۇشلۇقتا نىيەت بۇزۇپ پاكىتسىز ‹تالاق› قىلمىغايسەن... مەزلۇمە شەكسىزدۇر»

«ئەي مەزلۇمە! ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولغايسىزكى، سۆيگىنىڭىزنىڭ ئىككىلا ئالەملىك ھەققى-نېسىۋىسىگە قارا سانىمىغايسىز، نامەھرەمگە قارىمىغايسىز؛ ئەرنىڭ ھالال ئەمرىگە، لەۋزىگە، ئەرلىك ھۆرمىتىگە

مۇخالىپ ھەۋەسكە، شەيتان ۋەسۋەسىسگە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن تايمايدىغان، ۋاپادار، تەندۇرۇست، مۇسۇلمان، ئەھلى ۋەتەن، ئىشچان، ئەخلاق-ئەدەبلىك ... ئادەم قىلىپ تەربىيلەپ، ئەۋلادى خىللىقنى ۋە ئەۋلادى پاكلىقنى ... ئادا قىلغايسىز...»

ئىسلامىيەتنىڭ توي-تۆكۈن پرىنسىپلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ-توي قائىدە-يوسۇنلىرى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك نىكاھ-توي رىسالىلىرى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي-تۆكۈنچىلىك تارىخىمىزدىكى قىممەتلىك يازما نەمۇنىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەجداد ئەدىبلىرىمىزدىن ئەنئەنىۋى توي-تۆكۈن قائىدە-مىزانلىرىمىز سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان يەنە باشقا بەزىبىر يازما خاتىرىلەردىمۇ قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، جىسمانىي سالاھىيەت، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەل-يۇرت لايىق بىلگەن، مادارى يەتكەن خىراجەت مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ سورۇن ئاچقان، دەستۇرخان يايغان، ئادەت-قائىدە ئورۇنلىغان، تەقدىرىگە قەرز، دەرت قالمىغان تويىنىڭ دىنىمىزدا «سۈننەت» ھېسابلانغان خۇدالىق پاك توي بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## 2.تويلىشىشمۇ ياكى چىرىكلىشىشمۇ؟

جەمئىيىتىمىزدە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش، پۇل تېپىشقا بېرىلىش كەيپىياتى ئۆرلىگەندىن بۇيان پۇلپەرەستلىك (پۇلغىلا چوقۇنۇش، پۇلنىلا ئويلاش، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق قىلىق-قىلمىشلاردىن يالتايماسلىق، ساختىپەزلىك، ھارامخورلۇق، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق... قىلىش) خاھىشلىرى باش كۆتۈرۈپ جەمئىيەتلىشىپ كەتتى. پۇلغىلا يۈزلەنگەن، پۇل ھەممىگە قادىر بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە چىرىكلەشكەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ، چىرىكلەشكەن ئىجتىمائىي كەيپى-ساپاچىلىقنىڭ ۋە چىرىكلەشكەن ھەم تېخىمۇ ياۋۇزلاشقان پۇل تېپىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەۋج ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق جەمئىيەتتە مىللىي ئاڭ، مىللىي قائىدە-مىزان، مىللىي ئەخلاق، مىللىي تۇرمۇش ئەنئەنىلىرىنىڭ رولىنى، خىسلەت-خاسىيەتلىرىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي پەنلەر ھەم مەدەنىيەتنىڭ توغرا يۈنىلىشىنى قوغداپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ساھەلەرنىڭ ئالىم-ئۆلىما، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پاكلىق-پەزىلەتلىرىنىڭ راۋاجىنى قوغداپ قېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەنئەنىۋى مىللىي خىسلەت، مىللىي ئۆرپ-ئادەتنىڭ پاكلىق شان-شۆھرىتىنىمۇ قوغداپ تۇرغىلى بولماي قالدۇ. پۇل-بايلىق ھېسسىياتى ئۈستىدە زامانىۋىي مەدەنىيەت، زامانىۋىي ئەقىل-ئىدراك ھۆكۈمرانلىق قىلمىسا ئۇ خىل پۇل-بايلىق ھېسسىياتى

ئاقىۋەتتە چېكىدىن ئاشقان ئىجتىمائىي چىرىكلىكنى، پۇلدار شەخسلەر ۋە پۇلدار تەبىقە-گۇرۇھلارنىڭ ھەرخىل بۇزغۇنچىلىقلىرىنى، شۇنىڭدەك ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېزىش ئىمتىيازلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ، ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىل پۇل غايىسى ئاقىۋەت بىزنى مىللىي روھىمىزدىن، غايىمىزدىن، قەدىر-قىممەتتىن ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنى ساغلام روھىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ.

بىزدە ھازىر باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىجتىمائىي كەيپىيات چىرىكلىكى ھەم بۇ خىل كەيپىياتنىڭ تۈر-تەركىبلىرىدىن بىر ساھە بولۇپ تۇرغان توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدىكى تۆۋەندىكى چىرىكلىكلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

## قىز-يىگىت تويى تاپاۋەت پۇرستى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ

ئۆزىنى «مەن» چاغلايدىغان بەزى پۇل-ۋەجخۇمار كىشىلەر رېيسدە بولغان مەسۇمە قىزلىرىنىڭ نىكاھ-تويىنى تاپاۋەت پۇرستى، نام-شۆھرەت تېپىش پۇرستى قىلىۋېلىپ، بولغۇسى كۈيئوغۇل تەرەپنى ئېغىرلاشقان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كۆلپەتلەرگە دۇچار قىلىشىۋاتىدۇ. مەن بۇلتۇر يازدا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ھەم مۇلازىمەت مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغان بىر تويىنىڭ ئوغۇل تەرەپ چىقىم خاتىرىسىدە مۇنداق قۇرلارنى ئۇچراتتىم: «... قىزنىڭ تويلۇق كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ... چىقىمى 19750يۈەن، قۇدىلار دەستۇرخان سورۇنلىرى چىقىمى 10200يۈەن، توي ھەم ھەر خىل چايلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك چىقىمى 9900يۈەن، ۋىچىركا چىقىمى 7500يۈەن، توي-مەرىكىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماشىنا-پىكاپلار، سازەندىلەر، ناغرىچىلار، سۈرەتچىلەر، سىنئالغۇچىلار، ئاشپەزلەر، خىزمەت قىلغانلار ... چىقىمى، زال ئىجارىسى (بۇ ماتېرىيال يېزىلغان دەۋر 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ باشلىرى بولغاچقا رېستوران ئاز بولغاچقا ئىدارىلەرنىڭ زاللىرى ئىجارە ئېلىنىپ توي قىلىناتتى ـــ دادخاھ)، سۇنغان قاچا-قومۇچ، بۇزۇلغان مۆلۈك-جاھازلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىم جەمئىي 11400يۈەن، قىز-يىگىت ئۆيىنى جابدۇش، ئۇلارنى رازى قىلىش چىقىمى 22140يۈەن، جەمئىي 81مىڭ 900يۈەن بولغان».

تۆت يەردە تىجارەت دۇكىنى بار، چەتئەللەرگە چىقىپ-كىرىپ تىجارەت قىلىش ئىمتىيازى بار، ھاجى-ھەرەمى، ئەل-خالايىق ئىچىدە «ئىمان»، «ۋىجدان»، «مىللەت»، «غۇرۇر»، «ئەخلاق» دېسە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان بۇ يېقىن بۇرادىرىم XX ھاجى بايۋەتچى ئاززۇلۇق ئۈچ قىزىنىڭ رېيسدە بولغان بىرىنى ـــ «خ ئوماق»نى ھازىرقى چاغلاردىكى ئوتتۇراھال باھالىق بىر پىكاپنىڭ

باھاسىغا توغرىلاپ بازارغا سالغان. دېمەك بۇرادىرىم XX ھاجى بايۋەتچى ئوماق بىر قىزنىى مېھرىبان كۆيئوغۇل بالىسىغا ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە ساندۇق لاتا-پىتىگە، بىر ئوچۇم زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىغا، بىرتالاي ھەشەم كۆزنەكلىرىگە، ناھايىتى داغدۇغا ھەشەمنىڭ ئاتاقلىرىغا بېرىۋەتكەن.

شۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالمايمىزكى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پاك مۇھەببەتنى مەنبە قىلغان نىكاھ-توي ئادىتىمىز مانا ئەمدىلىكتە ئەنە شۇنداق ئېغىرلاشتۇرۇلغان پۇل-ۋەج زەربىسىگە، ناھايىتى كۆپ دەردىسەرلىكنىڭ، كەيپى-ساپاچىلىقنىڭ، ئۆچىغا چىققان شۆھرەتپەرەستلىكنىڭ، سازايى ھەشەمخورلۇقنىڭ ۋە ھەددىدىن ئاشقان ئىسراپخورلۇقنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلگەن.

«پۇل ھەممىگە قادىر» دەپ قارايدىغان زامانىمىزنىڭ نادان بايۋەتچىلىرىدىن سوراپ كۆرەيلى : پۇل-ۋەج، بەدخەجلىك قىز-يىگىت مۇھەببىتىنىڭ ئۆلى، قىز-يىگىت بەختىنىڭ تەقدىرى كاپالىتى بولالامدۇ؟ قىز-يىگىت مۇھەببىتىنى ئىناۋەت ئاساسى بولالامدۇ؟ مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى بولالامدۇ؟ ...

بىز ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش چىقىمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن پاتمان قەرزگە بوغۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان، توي قىلىشقا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق ھەتتا بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ تۈرمىلەرگە كىرىپ قالغان، مەڭگۈلۈك تەقدىرىنى نابۇت قىلىۋەتكەن يىگىتلەرنى،قىزلارنى، قۇدىلاشقۇچى ئاتا-ئانىلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ پۇلپەرەستلىرىمىز بۇ خىل ھادىسىلەرگە ئىچ ئاغرىتامدۇ ؟ كۆلەمدۇ ؟

پۇل-ۋەج ھېسسىياتى نىكاھ-مۇھەببەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشكە يۈزلەنگەندىن بېرى جەمئىيىتىمىزدە ھەرخىل ئىجتىمائىي ئەدەبسىزلىكلەر، ھەر خىل ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقلار كۆپىيىپ كەتكەندىن باشقا، كىشىلەر ئارىسىدا تولا ئاجرىشىدىغان، توي قىلىشنى خاھلىمايدىغان، توي-نىكاھسىز جىنسىي بۇزۇقچىلىقى بولغان زىناخورلۇق قىلىشىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. خاپىلىقتا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان، چېكەرمەن، ئىچەرمەن بولۇپ قالىدىغان، نومۇسنى ساتىدىغان، ئۆلۈۋالىدىغان، ساراڭ بولۇپ كېتىدىغان ۋە باشقا تۈرلۈك-تۈمەن رەزىللىكلەرنى قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىپ جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ شۆھرەتخۇمار بايۋەتچىلىرىمىز ۋە پۇلخۇمار قۇدا-باجىلىرىمىز بۇ خىل ئىجتىمائىي مىللىي بۇزۇلۇشنى نېمە دەپ

چۈشىنىدۇ؟

نىكاھ-توي مۇراسىملىرى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا جامائەت ۋە جەمئىيەتكە خاس خەلق مۇراسىملىرىدۇر، قىممەتلىك مىللىي ئەنئەنىدۇر. توي-تۆكۈن چىقىملىرىنى ئاشۇرۇۋېتىش، ھەشەمخورلۇق، داغۋازلىق، ئاچكۆزلۈك، شۆھرەتپەرەستلىك ... قىلىقلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى توي-تۆكۈن ئادەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش قىلمىشلىرى بەرىبىر جامائەت ۋە جەمئىيەتكە مەنسۇبلانغان ئىجتىمائىي ئېغىرچىلىق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، مىللەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىدۇ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى خارابلاشتۇرىدۇ، شۇ تېپتىكى پۇلدار بايلار ۋە ئۇلارنىڭ چىرىك ئادەت-قىلىقلىرى بىر قىسىم جامائەتچىلىكنىڭ ئەگەشىدىغان ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاجىز ھالەتتىكى ئۇيغۇر ئېكېئولوگىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ. بۇنى ئېغىر مىللىي بۇزۇلۇشنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى، دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

توي-تۆكۈننىڭ تەقدىرى مەنپەئەت كۆزلىگەن بەزى قۇدىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ ، ئەركىن نىكاھ-مۇھەببەت نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىغا رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلىشى لازىم ئىدى. ۋەھالەنكى، پۇل ۋە شۆھرەت مەقسەت قىلىنغان نىكاھنى قىز-يىگىت ئەمەس بەلكى ئاتا-ئانىلار ۋەكالىتەن ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇنى سودىغا ئايلاندۇرۇۋالغاچقا، قۇدىلاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باشتىلا قىز-يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىق ھالدا تولىمۇ سىرلىق ۋە ساختا قىياپەتكە كىرىدۇ. ھەممە ئىش «قىل» ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «قىل» چۇچۇسىنى بىرقانچە سۇخەنداز دەللاللار ۋە ياكى «تۆك ئۈندۈرگۈچى» «توي مەسلىھەتچىلىرى» تۇتقان بولىدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى ئەلچىلىكتىن تاكى تويدىن كېيىنكى رەھمەتچىلەرگىچە ئىككى ئائىلە كۆرۈنۈشتە ئىناق، ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە «پىكرى جىق» بولىدۇ. ھەتتا يامانلىشىپ قوشۇمچە «ئىشتىراپ ئېلىش» ياكى نىكاھنى بۇزۇپ قايتا «سودا» قىلىش ھالەتلىرىگە راۋاجلىنىدۇ، بۇ دۈشمەنلىششىنى كۈچەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇدىلارنىڭ كېلىشەلمەسلىكى، يالغان ھىجىيىشلىرى، تويىي بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئارىلىشىپ، قامالاشمىغان سۆز-چۆچەكلەرنى قىلىپ يۈرۈشلىرى تويىي بولغان قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە دەز كەتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ ھال كېلىپ كۈيئوغۇل بىلەن قېينئاتا-قېينئانا، كېلىن بىلەن قېينئاتا-قېينئانا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتكە پىلتە بولۇپ بېرىدۇ. جەمئىيەتتە باش كۆتۈرگەن نىكاھتىن ئاجرىشىش، ئائىلە بۇزۇش، ئەر بۇزۇش، خوتۇن بۇزۇش، ئىچەرمەن-چېكەرمەن بولۇپ كېتىش، جىدەل-ماجرا، ھەتتا ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي

مېيىپلىك، ئۆلۈم-يېتىم ھادىسىلىرى...نىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەنپەئەت ئىزدەپ، داغىباز لىق قىلىپ بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان بالىلىرىنىڭ ئائىلىق نىكاھ-تويى مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇۋېتىشكە، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشقا سەۋەبچىلىك قىلىشىۋاتقان ئۇنداق قۇدا-باجىلارنى قانداقمۇ پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنگەن، دېگىلى بولار؟ پەقەت پۇل-مال، مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇنداق «قۇدا-باجا»لىق، «تۇغقان »چىلىقنىڭ بۇزۇلمايدىغىنى يوق ھەم بۇنداق ئاتا-بالا مۇناسىۋىتىنىڭمۇ بۇزۇلمايدىغىنى يوق. يىگىت-قىزنىڭ ئائىلىق مۇھەببىتىگە سالقىنلىق يۈرۈشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش تىرىكچىلىكىگە ئارىلىشىۋېلىش قەبىھ سەت قىلمىشتۇر.

**تۈگىدى**

بايانات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتاپنىڭ ئەسلى ماتىرىيالىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتورغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكىتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول !!!

ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!

ئەگەر ئاپتورلۇق ھوقۇقىمغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ . ئېلكىتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!
ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكىتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

2008 -يىلى 01-ئاينىڭ 29-كۈنى

شەندۈڭ---جىنەن

ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com